# مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 32 «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»نى باھالاپ ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12-ئاينىڭ 6-كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 12-ئاينىڭ 6-كۈنى «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لارنى باھالاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى، لىۋ لىفېي قاتارلىق 32 يولداش «ئەڭ گۈزەل مەمۇر» قىلىپ بېكىتىلدى.

مۇنەۋۋەر مەمۇرلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، خەلقنى رازى قىلىش قىممەت يۆنىلىشىنى ئېنىق تۇرغۇزۇپ، كەڭ مەمۇرلارنى يېڭى دەۋردە يېڭى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، يېڭى نەتىجە يارىتىشقا تېخىمۇ ياخشى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل 8-ئايدا، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىشىپ «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لاردىن ئۆگىنىش، تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. تەۋسىيە قىلىپ تاللاش ئارقىلىق، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخىرىدا 32 «ئەڭ گۈزەل مەمۇر» نامزاتىنى تاللاپ بېكىتتى.

ئىگىلىنىشىچە، 32 «ئەڭ گۈزەل مەمۇر» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلار ئىكەن. ئۇلار ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرگەن، بولۇپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق مۇھىم، زور خىزمەتلەردە بىرىنچى سەپتە ئىشنىڭ ئېغىرىنى زىممىسىگە ئېلىپ، قاتتىق جەڭ قىلىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئامما «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلەرنى ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ، گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئاممىنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشكەن.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى كەڭ مەمۇرلارنى «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لاردىن ئۆگىنىشكە چاقىردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات تارماقلىرى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لارنىڭ ھېكايىسىنى ئاددىي سۆزلەر، ھەقىقىي مىساللارنى ئىشلىتىپ ياخشى سۆزلىشى كېرەك. «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنىڭ دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىش ئارقىلىق «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن، خەلققە مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق چاكارلىق ھېسسىياتىنى نامايان قىلغان سىياسىي پەزىلىتى ۋە مەنىۋى مەنزىلىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لارنى يېقىملىق، ئىشەنچلىك، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان قىلىپ، ئىلغار تىپلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ مەمۇرلارنى ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىپ، ئىلغارلارغا توغرىلىنىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، «ئەڭ گۈزەل» بولۇشقا تىرىشىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

---

(بېشى 1-بەتتە)

شەرقىي جۇڭغار شىمالىي ۋوگزالدا ئۈرۈمچىنىڭ شىمالى - جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولىغا تۇتىشىدۇ، لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 419 كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتوقايدىن شەرقىي جۇڭغارنىڭ شىمالىغىچە بولغان بۆلەك 2019-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەن. بۇ قېتىم قاتناش باشلانغان ئالتايدىن كۆكتوقايغىچە بولغان بۆلەكنىڭ لىنىيە ئۇزۇنلۇقى 148 كىلومېتىر.

شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى لەنجوۋ - شىنجاڭ تۆمۈريولى، كۈيتۇن - بېيتۇن تۆمۈريولى، ئۈرۈمچى - جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولى، ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدىن ئورتاق تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۈرۈمچى، كۈيتۇن، قاراماي، بېيتۇن، ئالتاي، كۆكتوقاي، شەرقىي جۇڭغار قاتارلىق جايلارنى تۇتاشتۇرۇپ، «□» خېتى شەكىللىك تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈر يولىنىڭ ئالتاي - كۆكتوقاي بۆلىكى قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۆمۈريول تارماقلىرى بىر جۈپ يولۇچىلار پويىزىنى قاتناشقا ئورۇنلاشتۇرغان، ئەڭ يۇقىرى يۈرۈش سائەتلىك سۈرئىتى 120 كىلومېتىر بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىككى جۈپ يۈك پويىزىنى قاتناشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى بويىدا مېتال رۇدا، كۆمۈر، نېفىت قاتارلىق بايلىقلار مول بولۇپ، قاناس، ئۇلۇڭگۈر كۆلى، كۆكتوقاي، ۋۇسەيچېڭ قاتارلىق نۇرغۇن مەنزىرە رايونلىرى بار. جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قومۇل تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئىشتابى ئۇندېۋرسال بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ جيەن مۇنداق بىلدۈردى: ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ئالتاي - كۆكتوقاي بۆلىكى قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلۈپ ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول تورى قۇرۇلمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، لىنىيە بويىدىكى ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا زور قولايلىق يارىتىلدى، بۇ، لىنىيە بويىدىكى قېزىلما بايلىقلار ۋە ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشقا تۈرتكە بولۇش، رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(بېشى 1-بەتتە)

ئىگىلىنىشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇرپان شەھىرى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئاقىل ئاممىۋى فوند» ئۇچۇر سۇپىسىغا تولۇق تايىنىپ، ئىككى شەھەرنىڭ تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى يۈرۈشتۈرۈپ ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئىككى تەرەپنىڭ تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى باشقۇرۇش مەركەزلىرى كېلىشىمدىكى تەلەپلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھوقۇق - مەسئۇلىيەت ئايدىڭ، تەرتىپ ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرىدىكەن؛ قائىدە تۈزۈش، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تەكشۈرۈش قاتارلىق ھالقىلاردا، تۆۋەن چەك تەپەككۇرى ۋە خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، ئىككى شەھەرنىڭ تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىدىن باشقا جايدا قەرز بېرىشى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى كەسپىدىكى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش شارائىتىدا مەبلەغنى جانلاندۇرۇش، ئوبوروتنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭشەش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى بىر يول ئېچىلىدىكەن.

---

# خەلق چاكىرلىق خىسلىتىنى نامايان قىلىش «ئەڭ گۈزەل» جاۋاب قەغىزىنى پۈتۈش

## —— مەملىكەت بويىچە «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لارنىڭ سىماسى

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لىن خۇي**

2020-يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق يىل. چوڭ جەڭ، چوڭ سىناق ئالدىدا، مەمۇرلار قوشۇنىدىن بىر تۈركۈم مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە ياراتقان ئىلغار تىپلار بارلىققا كەلدى.

يېقىندا، تەۋسىيە قىلىپ تاللاش ئارقىلىق، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 32 «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»نى بېكىتتى. ئۇلار ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېغىر ئىشلارنى زىممىسىگە ئېلىپ، قاتتىق جەڭ قىلىپ، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق چاكىرلىق خىسلىتىنى نامايان قىلغانلار.

### يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا، ئۇلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتتى

1-ئاينىڭ ئاخىرى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ تەشكىللەپ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندا، بېيجىڭ شەھەرلىك دوختۇرخانا باشقۇرۇش مەركىزىدىكى لىۋ لىفېي بىرىنچى ۋاقىتتا تىزىملىتىپ ئالدۇرۇپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي «يۇقۇم»غا قارشى جەڭنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلاندى.

ۋاقىت بىلەن بەسلىشىش، كېسەل ئالۋاستىسى بىلەن سۈرئەتتە بەسلىشىش. 1-ئاينىڭ 27-كۈنى چۈشتە يولغا چىقىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان لىۋ لىفېي دەرھال ئەترەت ئەزالىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ماددىي ئەشيالارنى تەييارلاپ، نۆۋەتچى ئايروپىلان بىلەن ئالاقىلىشىپ، قىسقىغىنە 24 سائەت ئىچىدە ئەترەت تەشكىللەپ ۋۇخەنگە يېتىپ باردى. 1-ئاينىڭ 28-كۈنى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئايرىۋېتىلگەن ئاغرىقلار رايونىنى ئۆزگەرتىش تاماملاندى: 1-ئاينىڭ 29-كۈنى، تۇنجى ئاغرىقلار رايونىنى دەرھال تەسىس قىلدى ھەم تۇنجى تۈركۈمدىكى 19 ئاغرىقنى كۈتۈۋالدى...

ئالتە كۈن ۋاقىت ئىچىدە، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى ئۈچ ئاغرىقلار رايونى، 150 كارىۋاتنى تېزدىن تەسىس قىلىپ، ئېغىر كېسەل، خەتەرلىك ئېغىر كېسەل ئاغرىقلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ - داۋالاپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندى.

تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ھەرقايسى سەپلەردىن كەلگەن مەمۇرلار ئۆز بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، جاسارەت بىلەن ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتتى.

شاڭخەي لىنگاڭ يېڭى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىدىكى سۇن شياۋخې ئەتىگەن چىقىپ كەچ قايتىپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، كارخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۆرسەتمىسىنى تۈزۈپ، لىنگاڭ يېڭى تەۋەلىك رايونىنىڭ شاڭخەي شەھىرى بويىچە مەھسۇلات قىممىتىنى باشلامچىلىق بىلەن 100 مىليون يۈەندىن ئاشۇرغان كارخانىلار، كۆلەمدىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ ئىشنى 100% ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كۈچ قوشتى؛

جېجياڭ خاڭجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى جۇڭ يى ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، «شەھەر چوڭ مېڭىسى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى»نى لايىھەلەپ ئېچىپ، خاڭجوۋ شەھىرىنىڭ ساغلاملىق كودىنى باشلامچىلىق بىلەن تەتقىق قىلىپ چىقىشىغا ھەم تېزدىن پۈتۈن مەملىكەتتە ئومۇملاشتۇرۇپ كېڭەيتىشكە كۈچ قوشتى؛

فۇجيەن ئۆلكىلىك ترانسپورت ئىشلىرى تەرەققىيات مەركىزىدىكى لياڭ جىبۇ يېڭى توي قىلغان خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپ، دەم ئېلىشنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېچىلەپ ئاپتوموبىل ھەيدەپ خىزمەت ئورنىغا قايتىپ، قاتناش كارانتىن قىلىش بىرىنچى سېپىدە سىجىل جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىكى لىۋ جىڭگاڭ تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ماسكا ئىشلەش ماشىنىسىنىڭ يانداش زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە ماسكا ئىشلەش ماشىنىسىنىڭ نۇقتىلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزگەرتىش تۈر قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت گۇاڭدۇڭغا چۈشۈرگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى؛

خېنەن خېيكوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى جاڭ چىڭفۇ ئىز تەكشۈرۈشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلدى، ئۇيقۇسى كەلسە تامنىڭ بۇلۇڭىغا يۆلىنىپ مۈگدىۋالدى، يېيىش، ئۇخلاشنىڭ ھەممىسى پىرىستان قاراۋۇلخانىسىدا بولدى؛

گۇاڭجوۋ بەييۈن ئايرودرومى تاموژنىسىدىكى خۇ يىنكۇەن ئۇدا 260 نەچچە كۈن پورت يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن دۆلەت دەرۋازىسىنى مەھكەم قوغدىدى...

### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتا، ئۇلار ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، غەلىبە قىلمىغۇچە توختىمىدى

2016-يىلى، ئىچكى موڭغۇل قاراچىن خوشۇنىنىڭ ياش كادىرى لىۋ يىياڭ ئىككى قات خوتۇنى ۋە ئۈچ ياشتىن ئاشقان قىزى بىلەن خوشلىشىپ، نامرات كەنت مائەنشەن كەنتىگە بېرىپ 1-شۇجىلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، شۇ ئىشلىگىنىچە تۆت يىل ئىشلىدى.

مائەنشەن كەنتىگە كەلگەندە لىۋ يىياڭ دېڭىز يۈزىدىن 900 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى مائەنشەن كەنتىنى ھەقىقىي «قاراچىن خوشۇنى ئېگىزلىكى»گە ئايلاندۇرۇشقا قەسەم بەردى، ئەمما كەنتكە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «سوغۇق مۇئامىلە»گە دۇچ كەلدى — «20 نەچچە ياشلىق بۇ تەنتەك ياش نېمە ئىش قىلالايتتى ؟»

لىۋ يىياڭ يالتىيىپ قالماي، بەلكى «يۈزىنى قېلىن» قىلىپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈردى. ئۇ مېھىر - مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن كەنتنى ئارىلاپ ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، سەۋرچانلىق بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش سىياسىتىنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىپ، مائەنشەن كەنتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى پىلانلىدى.

«دۈشمەن قورغىنىنى ئالمىغۇچە قايتمايدىغان» غەيرىتى كەنت ئاھالىلىرىنى بۇ ياشقا بارغانسېرى ئىشەندۈردى. بىر نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، تاغ قاپتىلىدىكى مائەنشەن كەنتى ئەمدى ئىلگىرىكى نامرات تاغ جىلغىسى ئەمەس، بەلكى رەت - رەت كەتكەن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى گىرەلىشىپ، خۇددى تاغ ئارىسىغا چېچىلىپ كەتكەن ئۈنچە - مەرۋايىتلاردەك جۇلالىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «جۇڭگو يېزا - كەنت ساياھەتچىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتىكى نەمۇنىلىك كەنت» بولۇپ سايلاندى.

سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى - سىرتى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇب - شىمالىدا، زور بىر تۈركۈم مەمۇرلار قوشۇنىدىكى مۇنەۋۋەر ۋەكىللەر پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، كەڭ ئاساسىي قاتلامغا ئاتلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن قان - تەر تۆكۈپ، ياشلىق باھارىنى بېغىشلىدى.

تيەنجىن خېدۇڭ رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىدىكى گاۋ يەنمېي گەنسۇغا ياردەم بېرىش - يۆلەشكە ئاتلاندى، خېبېي چېچېڭ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىدىكى فېڭ چياڭ ئۈچ يىلدا پۈتۈن ناھىيەدىكى 440 مەمۇرىي كەنتنى ئايلىنىپ چىقتى، سەنشى داتوڭ شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىدىكى ۋۇ سۈجۈن «داددىسىدىن يوشۇرۇنچە نامراتلارنى يۆلىگىلى باردى»، جىلىن ئۆلكىسى جىلىن شەھەرلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدىكى يۈ ياڭ ئائىلىگە قاراپ تەدبىر يۈرگۈزۈپ نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، خېيلۇڭجياڭ نېنجياڭ شەھىرى لېنەنشىڭ يېزىسىدىكى كادىر شېن مياۋ يۇرتداشلار تەرىپىدىن يېقىملىق قىلىپ «ئۆزىمىزنىڭ قىزى» دەپ ئاتالدى، ئەنخۇي خاۋجوۋ شەھەرلىك باج ئىدارىسىدىكى لىۋ شۇاڭيەن كەنتتە تۇرغان توققۇز يىلدا شۇ يەردىكىلەرگە بەخت يارىتىپ، سىچۇەن مۇچۇەن ناھىيەسى گاۋسۇن يېزىسىدىكى كادىر شى يۈرۈڭ ئېرى بىلەن بىرلىكتە «نامراتلارنى يۆلەش جەڭ مەيدانى»غا ئاتلاندى، گۈيجوۋ ئەنشۈن شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىكى جاڭ خوۋشۇ تىرىشىپ كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا «سۈرئەتنى تېزلەتتى»، شەنشى تۇڭچۇەن شەھەرلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىدىن جىن كاڭپىڭ كەنت ئاھالىلىرى تەرىپىدىن يېقىملىق قىلىپ «كۆممىقوناق شۇجىسى» دەپ ئاتالدى، نىڭشيا گۈيۈەن شەھىرى يۈەنجوۋ رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىكى خې يېڭ كەنت ئاھالىلىرى بىلەن تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئەمگەكتە بىللە بولدى...

ئۇلار بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۆزگەرتمەي، كەڭ تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئۈمىدىگە تىرەك بولدى.

### ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتا، ئۇلار مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىدى

بۇ يىل كەلكۈن مەزگىلىدە، دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى قىسمەن رايونلار ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. 7-ئاينىڭ 10-كۈنى چۈشتىن كېيىن، جياڭشى يۈگەن ناھىيەسىنىڭ مېيگاڭ يېزىسىدىكى جەنۇبىي توسمىسىدا تېشىلىپ كېتىش خەۋپى كۆرۈلدى، كەلكۈن سۈيى سوڭگۈچتىن لاي - لاتقىلارنى ئېقىتىپ چىقىپ، توسما ھەر ۋاقىت يېرىلىپ كېتىش خەۋپ-خەتىرىگە دۇچ كەلدى.

خەتەرنىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شۇ چاغدا مېيگاڭ يېزىسىنىڭ 4-دەرىجىلىك مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى گۈي خېيياۋ بىرىنچى بولۇپ سۇغا سەكرىدى. لاي كەلكۈن دەستىدىن ئۇ كۆزىنى ئاچالماي، دەماللىققا سۇ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئېغىزنى تاپالماي قالدى، ئۇ سۇ تېگىگە چۆكۈپ، پۇتى بىلەن سىناپ، قايناملىق سۈمۈرۈش كۈچىنى ئىزدىدى.

بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق گۈي خېيياۋ دىيامېتىرى 1.5 مېتىر ئەتراپىدىكى سۇ چىقىۋاتقان ئېغىزنى ئاخىرى تېپىپ چىقتى. ئۇ قىرغاققا چىقىپ ئارام ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، خەتەرگىمۇ قارىماي، دەرھال ئۈچ نەپەر پارتىيەلىك كادىرنى باشلاپ سۇ ئاستىدا سۇ چىقىۋاتقان ئېغىزنى ئېتىپ، ئاخىرى توسمىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

خەلقنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا. ئاممىنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، خەلقنىڭ چاكىرى بولغان مەمۇرلار مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىدى.

لياۋنىڭ فۇشۈن ناھىيەلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىكى جاڭ بىياۋ ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىش ھەققى نىسى قالغان دېھقان ئىشلەمچىلەرگە ياردەملىشىپ دەلىل - ئىسپات توپلاپ، ئادالەتنى ياقىلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 35 دېھقان ئىشلەمچىنىڭ 560 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىش ھەققىنى ئېلىپ بەردى؛

جياڭسۇ جېنجياڭ شەھىرى دەنتۇ رايونى شىيې بازىرىنىڭ كادىرى نىې يۈپىڭ باشتىن - ئاخىر كەنتتىكى ئۆيى يوق ئاھالە لاۋتاۋ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىشلەتمەي تاشلىنىپ قالغان ئۆيلۈك يەرنى تۈزەشتۈرۈپ، كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ لاۋتاۋغا ئۈچ ئېغىزلىق يېڭى ئۆي سېلىپ بەردى؛

خېنەن ئۆلكىلىك ئاياللار مەجبۇرىي ئايرىپ زەھەر تاشلىتىش ئورنىدىكى جۇ مىڭمىڭ قاتتىق باشقۇرۇش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش بىلەن بىللە، زەھەر تاشلىغۇچىلارغا مېھىر - مۇھەببىتى، سەۋرچانلىقى، ئىشەنچى، سەممىي قەلبى، قەتئىي ئىرادىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، زەھەر تاشلىغۇچىلارغا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىش ئىشەنچىسىنى بەردى...

ھەربىر كىچىك ئىش كىشى قەلبىنى ئىللىتتى؛ قايتا - قايتا تاللاش مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلدى ——

خۇبېي يىچاڭ شەھىرى يىلىڭ رايونىدىكى خەن يىجىن ئاپپارات ئىسلاھاتى ئالدىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر بولغان جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە باشقۇرۇش تارماقلىرىدا خىزمەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى، خۇنەن شياڭيىن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى زېڭ ۋېيگۇاڭ كەلكۈن مەزگىلىدە، كېچە - كۈندۈز دېمەي بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ توسما بۆلەكلىرىدە چارلاپ تەكشۈرۈپ مۇداپىئە كۆردى، گۇاڭشى نىڭمىڭ ناھىيەسى شىلاڭ يېزىسىنىڭ كادىرى لى مىڭخۇا تۈرلۈك ئامال - چارىلەر بىلەن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنى نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپ كەلدى، چۇڭچىڭ دادۇكوۋ رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى مېي مېي ياردەم بېرىش - تەربىيەلەش، تۈزەش ئارقىلىق 144 بالىنى يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى. يۈننەن چۈشيۇڭ شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىدىكى دۇەن لىپىڭ قانۇننىڭ نۇرى ئارقىلىق ئاممىنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى، شىزاڭ لىنجى شەھىرى بايى رايونى گېڭجاڭ مېنبا مىللىي يېزىسىنىڭ كادىرى دو بۇجېي پۈتۈن يېزا بويىچە 1400دىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچىنى قاپلىغان بۆلجۈرگەن ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەشكىللەپ قۇردى، گەنسۇ يوڭچاڭ ناھىيەسى چېڭگۈەن بازىرىنىڭ كادىرى لىۋ شاۋخۇا ھەممە ئائىلە شادلىقىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولدى، چىڭخەي سەنجياڭيۈەن دۆلەت باغچىسى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى بۇ جوۋ تاغ چارلاش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ 46 كۈن ئۇدا قوغلاپ زەربە بېرىپ ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلاش شايكىسىنى تۇتتى، شىنجاڭ ئاقسۇ شەھىرى لەڭگەر كوچىسىنىڭ كادىرى ئىمران بەخت شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى تېپىشىغا ياردەم بەردى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 13-شىسى قومۇل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى شۇ شياۋسۈينىڭ ئىشخانىسىنىڭ چىراغلىرى دائىم يېرىم كېچىدىن تاڭ ئاتقۇچە يورۇپ تۇردى...

باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلىشى، غەم - ئەندىشىسى، ھال - ئەھۋالىنى كۆڭلىگە پۈككەن «ئەڭ گۈزەل مەمۇر»لار خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنىڭ «ئەڭ گۈزەل» جاۋاب قەغىزىنى پۈتۈپ چىقتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12-ئاينىڭ 6-كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1-نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)